# ئەلەيكەسسالام دېمە، چۈنكى ئەلەيكەسسالام ئۆلۈكلەرگە قىلىنىدىغان سالام

ئەبۇ جۇرەي ئەلھۇجەيمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ: ئەلەيكەسسالام ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! دېسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەلەيكەسسالام دېمە، ئەلەيكەسسالام ئۆلۈكلەرگە قىلىنىدىغان سالام» دېدى
[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [تىرمىزىي"سۈنەن تىرمىزى"ناملىق ئەسرىدە رىۋايەت قىلغان]

ھەدىسنىڭ مەنىسى: بىر ئەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سالام بېرىپ: ئەلەيكەسسالام ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! -دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئەرنى بۇ سۆپەت بىلەن سالام بېرىشتىن توستى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ خىل سالامنى ياقتۇرمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇ كىشىگە جاۋاپ قايتۇرماي، بۇ سالامنىڭ ئۆلۈكلەرگە قىلىنىدىغان سالام ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ بەردى، ئاندىن يەنە بىر ھەدىستە كەلگەندەك ئىسلامدا يولغا قويۇلغان سالامنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ: «ساڭا سالامەتلىك يار بولسۇن دېگىن» دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئەلەيكەسسالام ئۆلۈكلەرنىڭ سالامى» دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى: بۇ سالام قەبرىستانلىقنى زىيارەت قىلغاندا قىلىنىدىغان سالام، چۈنكى ھەدىستە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىستانلىقنى زىيارەت قىلغاندا: «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم مۆمىنلەر قەۋمىنىڭ دىيارى...» دېگەنلىكى ئىسپاتلاندى، بەلكى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بۇ سۆزنى جاھىلىيەت ئەھلىنىڭ ئۆلۈكلەرنى ھۆرمەتلەپ قىلىدىغان ئادىتىگە ئىشارەت قىلىپ دېگەن ئىدى

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/3770

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee